شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
5
شەنبە
维吾尔文 10 月5日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24839 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو ـ گۋىنېيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ گۋىنېيە زۇڭتۇڭى كوندې بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گۋىنېيە زۇڭتۇڭى كوندې بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: گۋىنېيە جۇڭگو بىلەن تۇنجى بولۇپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلىتى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 60 يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر سەمىمىي دوستانە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى قوللاپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. مەن جۇڭگو ـ گۋىنېيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، جۇڭگو ـ گۋىنېيەنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى قەدىرلەيمەن، زۇڭتۇڭ كوندې بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر شىنجاڭدىكى

# مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر** قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ۋاڭ مىڭشەن، رېن خۇا كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ داغدۇغىلىق ھالدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچقانلىقى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆز قىلغانلىقى باش شۇجىنىڭ ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. تەقدىرلەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شەرەپنى قەدىرلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى. □ مۇخبىرىمىز سۇي جېجيەن فوتوسى

# يېڭى تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتايلى

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش داۋامىدا ئالغا سىلجىتىشقا موھتاج.

«ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يېڭى تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى داۋاملىق ھالدا بىزنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ياخشى مۇستەھكەملەپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا ۋە رىغبەتلەندۈرمەكتە.

70 يىلدا تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈندە، ھاياتى كۈچكە تولغان جۇڭگو، ئۈمىدكە تولغان جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. كەلگۈسىگە يۈزلەنسەك، بىزنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پاراخوتى دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ۋەتىنىمىزنىڭ 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتىشىمىز ئۈچۈن كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. جۇڭخۇا مىللىتى 5000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت بىزنىڭ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنى كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنىڭ يەنە شان ـ شەرەپ قۇچۇشىمىزغا پۇختا ئاساس سالدى. يېڭى تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، بىزنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور شان ـ شەرىپىنى قۇچۇش ـــ تارىخقا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ھۆرمەت، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ئىشەنچ.

يېڭى تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈش ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش

## ـــ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر، تارماقلار، ئورۇنلار، يېزا ـ بازارلار، كوچا باشقارمىلىرى ۋە كەنت، مەھەللىلەر 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

□ **مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارى مۇخبىرلىرىمىز مېي لى، ياڭ ۋېيشۆەن**

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار، يېزا ـ بازارلار، كوچا باشقارمىلىرى ۋە كەنت، مەھەللىلەر دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئويغىتىپ، بۇرچنى يېتەكلەپ، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

**شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش**

**پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىشىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش**

ئالتاي ۋىلايىتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى زىچ چۆرىدەپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ھەممە يولغا قويغان ئورۇنلارغا ئاساسلىنىپ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ـ تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ھەربىر كەتچان نۇر سايىسى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى نامايان قىلدى

**سۆز ھەممىگە**

□ **جاڭ بېي**

دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، يۈتكىلىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە زوق ئالىدىغان قىزىقارلىق تۈرىگە ئايلاندى. قاتار ـ قاتار ئېگىز بىنالار پارچە ـ پارچە غايەت زور تەسۋىرىي كۆرۈنۈش ئېكرانىغا ئايلىنىپ، ھەربىر كەتچان نۇر سايىسى ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا بۇ يەردە يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش

# ئاساسىي مەقسەت خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش

## ـــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى شىنجاڭدىكى قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچ مۇساپىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى، يېڭى مۇساپىدە داۋاملىق كۈرەش قىلىش ئۇلۇغ چاقىرىقى چىقىرىلدى. چوقۇم تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ياخشى تۇراقلاشتۇرغۇچ بولىمىز.

■ **تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئاساسىي مەقسەت خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش**

ئۆزىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگراسىدا بولساقمۇ، قەلبىمىز پايتەخت بېيجىڭغا تەلپۈنىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




**يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى قىزغىن تەبرىكلەش**

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرىدىكى كوچىلار گۈللەر بىلەن چىرايلىق بېزىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى قىزغىن تەبرىكلەندى. شۇ كۈنى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كۆپ خىل شەكىلدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. □ سېي زېڭلى فوتوسى

# قاناس مەنزىرە رايونىدا بۇ يىل كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

**مۇخبىرىمىز ما جيەنلوڭ خەۋەر** قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە قەدەر، قاناس مەنزىرە رايونىدا بۇ يىل ئىچىدە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

قاناس مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، مەنزىرە رايونىدا 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 106 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32% ئاشقان؛ بۇ يىلدىن بۇيان، قاناس مەنزىرە رايونىدا جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 10 مىليون 2100 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 50% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، قاناستا جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 6 مىليون 129 مىڭ 500 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46% ئاشقان؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)